# 107873 - ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ، كىچىلىرى ئىبادەت قىلىدۇ ئەمما خوشنىلىرىغا ۋە ئائىلىگە يامانلىق قىلىدۇ

## سۇئال

سوئال:
بەش ناماز مەسجىدتە ئوقۇيدىغان، كېچىسى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىدىغان، پەرز روزىدىن باشقا ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە ۋە دۈشەنبە كۈنلىرى نەپلە روزا تۇتىدىغان، ھەر ئاينىڭ 13- 14- 15- كۈنلىرى سۈننەتكە ئەگىشىپ روزا تۇتىدىغان، لېكىن ئائىلىگە ئەخلاقلىق بولماي ھەمىشە ئۇرۇشىدىغان، خوشنىلىرىغا ۋە يېقىنلىرىغا يامان مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم توغرۇلۇق نېمە دەيسىز؟

## تەپسىلى جاۋاپ

جاۋاب:
گۈزەل ئەخلاق پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەردە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلىشىدىكى ئەڭ چوڭ غايىلەرنى بىرىدۇر. ئاللا تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەق دىننى، ئادالەتلىك ھاياتلىقنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. ئاللاھ زېمىن ئەھلىگە نەزەر تاشلاپ شېرىك، جاھالەت ۋە يامان ئەخلاق ئۈستىدە بولغانلارنى جازالىدى، پەقەت بىر تۈركۈم ئەھلى كىتاب بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىدىكى بۇ چوڭ غايىنى ئىپادىلەپ:**« مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»**دىگەن.(ئەھمەد رىۋايىتى 2/318، شەيخ ئەلبانى ھەسەن دەپ باھالىغان ھەدىس) بۇ ھەدىستىكى: **« پەقەت»** دىگەن سۆز پۈتۈن ساماۋىي دىنلاردا كەلگەن ئەقىدە ۋە شەرىئەتلەردىن مەقسەت پەقەت شۇ گۈزەل ئەخلاقنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا غايىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.
شۈبھىسىزكى، ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ مۇشكىلىسى ئىبادەت بىلەن ئەخلاقنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قويۇشتۇر. بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاش رەسمىيەتكە ئايلىنىپ قالغان. بۇ خۇددى ئادەت ياكى نەپسكە ۋە قەلبكە بولغان تەسرى بىلەن ھېسابلاشمايلا قىلىنىدىغان ئىبادەت شەكلىگە ئايلىنىپ قالغان. ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەجدىن ئىبارەت چوڭ ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسلىق غايىسى نەپسلەرنى پاكلاش، ئەخلاقنى

يېتىلدۈرۈش بولسىمۇ، كۆپ كىشلەر بۇنىڭ تەسرىنى كۆرەلمىگەن. مەسلەن: ناماز -
ئاللاھ ناماز ھەققىدە **« ناماز ھەققەتەن قەبىھ ئىشلاردىن گۇناھلاردىن توسىدۇ»**
دەيدۇ.(ئەنكەبۇت سۈرىسى 45- ئايەت)
ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىندۇكى: بىر ئادەم **« يارەسۇلەللاھ! پالانى ئايالنىڭ**
**نامازنى كۆپ ئوقۇيدىغانلىقى، روزىنى كۆپ تۇتىدىغانلىقى ۋە سەدىقنى كۆپ**
**بېرىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئەمما خوشنىلىرىغا تىلى بىلەن ئازار بېرىدۇ»** دېگەندە،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**«ئۇ دوزاختا كىرىدۇ»**دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاندىن يەنە ئۇ
ئادەم « يارەسۇلەللاھ! پالانى ئايالنىڭ نامازنى ئاز ئوقۇيدىغانلىقى، روزىنى ئاز
تۇتىدىغانلىقى ۋە سەدىقنى
ئاز بېرىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. لېكىن خوشنىلىرىغا ئازار بەرمەيدۇ»دېگەندە، پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام:**« ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ»**دېگەن.(ئىمام ئەھمەد مۇسنەدى2/440، مۇنزىرى
**«ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىب»** ناملىق ئەسرىنىڭ 3/331-بېتىدە سەھىھ دېگەن، ئەلبانىمۇ سەھىھ
ھەدىسلار توپلىمىنىڭ 190- بېتىدە سەھىھ دېگەن).
روزىنىڭ پەرز قىلىنىشىدىكى سەۋەبمۇ شۇدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقنىڭ
روھىنىڭ مېۋىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇ مېۋىنى ھاسىل قىلالمىغان ئادەم روزىسى
ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا پايدىسىزدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**« روزا تۇتۇپ يالغان سۆزنى ۋە يالغان بىلەن ئىش قىلىشنى**
**تاشلىمىغان كىشىنىڭ قورسىقىنى ئاچ قويۇپ، ئۇسسۇزلۇق تارتقىنىغا ئاللاھنىڭ ھاجىتى**
**يوق»**دەپ كۆرسەتكەن. (بۇخارى رىۋايىتى 1903).
زاكاتمۇ نەپسىنى بېخىللىقنىڭ كىرلىرىدىن پاكلاش ئۈچۈن بۇيرۇلغان. ئاللاھ مۇنداق
دەيدۇ:**« ئۇلارنى پاكلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن زاكات ھېسابىدا بىر قىسمىنى**
**ئالغىن»**( تەۋبە سۈرىسى 103- ئايەت).
بەشىنچى پەرز ھەجمۇ شۇ مەقسەت بىلەن بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:**« ھەج**
**مەلۇم ئايلاردۇر. بۇ ئايلاردا ھەج قىلغان ئادەم ئۈچۈن جىنسىي ئالاقە قىلىش، گۇناھ**
**ئىشلەش، جېدەل قىلىش يوق»** ( بەقەرە سۈرىسى 197- ئايەت).
قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى يۇقىرى ئورنىنى
سۆزلەشكە داۋام قىلسا سۆزىمىز ئۇزاپ كېتىدۇ. ئىبنى

قەييىم **« مەدارىج ئەسسالىكىين»** ناملىق ئەسرىنىڭ 2-
توم 307- بېتىدە **« دىنىنىڭ ھەممىسى گۈزەل ئەخلاقتۇر. ئەخلاقتا سىزدىن ئېشىپ كەتكەن**

**كىشى دىندىمۇ ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ**»دەپ مەخسۇس بىر باپتا توختالغان.
قىسقىسى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاساسلىرىدىن ۋە غايىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىش بىز ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. بۇ گۈزەل ئەخلاقنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكى ئۈچۈن ئوپئوچۇق دەلىلدۇر. ئاللاھقا ئىشەنگەن ھەر بىر مۇسۇلمان بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئايالىغا ۋە خوشنىلىرىغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان بۇ كىشىدىن ئىبرەت ئېلىشقىلار لازىم. ئاللاھ ئۇنىڭ قىلغانلىرىدىن رازى ئەمەستۇر. بەلكى ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىنىڭ پايدىسى قېنى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتەلمىدى؟ ئۇنىڭغا ياخشى نەسىھەت قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ ئىبادەتكە ھېرىسلىقى نەق ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇغىدۇر. ئىمام ئەھمەد«**مۇسنەد**» ناملىق ئەسىرىنىڭ 2- توم 447- بېتىدە، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، پالانى كېچىسى ناماز ئوقۇيدۇ. كۈندۈزى ئوغۇرلۇق قىلىدۇ، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**« ئۇنىڭ دېگەنلىرى ئۇنى ئوغۇرلۇقتىن توسىدۇ»**دېگەن. (ھەيسەمي بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغانلارنىڭ راستچىللىقىنى ئېيتقان. شۇئەيب ۋە باشقىلار سەنەدىنىڭ دۇرۇسلىقىنى سۆزلىگەن.